# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 5 - ئاي
18
دۈشەنبە
维吾尔文 5 月18日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25065 - سان بۈگۈن 4 بەت


# بوران - چاپقۇندا توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرىلەش

## —— پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن پەيتتىكى خاتىرىلەر

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

ئىنسانلار مىلادىيە 2020 - يىلىغا قەدەم قويدى، تارىختا كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان يەنە بىر سەھىپە پۈتۈلدى. جۇڭگو پۈتۈن كۈچى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىۋاتىدۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىۋاتىدۇ؛ دۇنيادا، يۈز يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا، تۇيۇقسىز بىر مەيدان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىنى قاپلىدى. جۇڭگو قانداق قىلىدۇ؟ دۇنيا قانداق قىلىش كېرەك؟

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنى يېتەكلەپ تارىخىي

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى دەۋردە غەربىي قىسمنى كەڭ ئېچىش يېڭى ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى

تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، غەربىي قىسمنى كەڭ ئېچىش يېڭى ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇشى، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويۇشىنىڭ يېڭى تەلپىگە ماسلىشىپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىرى، ئورۇنلاشتۇرمىسى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، غەربىي قىسمدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم، زور تارىخىي خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن بىرقەدەر پۇختا ئاساس سېلىندى، دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئايلىنىش بوشلۇقىمۇ كېڭەيتىلدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، غەربىي قىسمدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدا تەكشۈك بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مۇستەھكەملەش ۋەزىپىسى يەنىلا مۈشكۈل، شەرقىي قىسمدىكى رايونلار بىلەن بولغان تەرەققىيات پەرقى يەنىلا بىرقەدەر چوڭ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ۋەزىپىسى يەنىلا ئېغىر بولۇپ، ھېلىھەم ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى كەمتۈكلۈك ۋە ئاجىز ھالقا. يېڭى دەۋردە غەربىي قىسمنى كەڭ ئېچىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش تۈرلۈك خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈگىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. غەربىي قىسمنى كەڭ ئېچىش يېڭى ئەندىزىسنى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىپ، غەربىي قىسمدىكى رايونلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

### بىرىنچى، ئومۇمىي تەلەپ

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، مۇھىم، زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەر، خىرىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈگىتىش كېرەك. تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرنى كۈچەيتىپ، كەڭ كۆلەمدە قوغداش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، غەربىي قىسمدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ نوپۇس، بايلىق، مۇھىت بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 2020 - يىلىغا بارغاندا غەربىي قىسمدىكى رايونلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى، تىجارەت - سودا مۇھىتى، ئېچىۋېتىش مۇھىتى، يېڭىلىق يارىتىش مۇھىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش؛ 2035 - يىلىغا بارغاندا، غەربىي قىسمدىكى رايونلاردا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت، ئۇل ئەسلىھەلەرنىڭ تۇتاشتۇرۇش دەرىجىسى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى شەرقىي قىسمدىكى رايونلار بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭلەشتۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى رايونلارنىڭ ئۆزئارا تولۇقلاپ تەرەققىي قىلىشى، شەرق بىلەن غەربنى قوش يۆنىلىشلىك ئېچىۋېتىشنىڭ ماس ئالغا ئىلگىرىلىشى، مىللىي، چېگرا رايونلارنىڭ گۈللىنىشى، بەختەرلىكى، مۇقىملىقى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ياشىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# مىسلىسىز جاپالىق تىرىشچانلىق تەستە قولغا كەلگەن نەتىجە

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، قارشى يۆنىلىشتە يۈرگۈچىلەرنىڭ سىيماسى سانسىزلىغان كىشىلەرنى تەسىرلەندۈردى. ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش داۋامىدىكى ئاشۇ ئادەتتىكى ھەم ئۇلۇغ سىيمالارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش پۈتۈن جەمئىيەتتە ئادەتكە ئايلاندى. ھەقىقەتەن يولدىن قايتماي، قارشى يۆنىلىشتە جەڭگە ئاتلانغان بۇ يورۇقلۇق ئەلچىلىرى، ئۈمىد ئەلچىلىرىنىڭ جىسمىدا جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋىرۇس ئالدىدىكى جەسۇرلۇقى ئەكس ئەتمەكتە، جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى باتۇر، كەسكىن مەسئۇلىيەتچانلىقى نامايان بولماقتا.

بۇ، بىر مەيدان ئىس - تۈتەكنى كۆرگىلى بولمايدىغان، ئەمما قۇربان بولۇش كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان خەلق ئۇرۇشى، بۇ، بىر مەيدان توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ ئېتىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان، ئەمما ئاتاكىغا ئۆتۈش ساداسىنى ئاڭلىغىلى بولىدىغان قەيسەرلىك بىلەن توسۇپ زەربە بېرىش جېڭى. دېڭىز بويىدىن ئىچكى قۇرۇقلۇقچە، ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن ياشانغانلار، بالىلارغىچە، جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى قان ۋە گۆشتىن پۈتۈلگەن تېنى بىلەن جۇڭگو زېمىنىدا يېڭى پولات سېپىل قۇرۇپ، يۇقۇمغا قارشى تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىدىغان جاسارەت بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك دەۋر سەھىپىسىنى پۈتتى. «مىسلىسىز جاپالىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق، ۋۇخەننى قوغداش جېڭى، خۇبېينى قوغداش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش خىزمىتىدە پائال نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاچقان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى كۈچلۈك ئورتاق سادا قوزغىدى.

ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىلا، مىسلىسىز جاپالىق دېگەن بۇ تۆت خەتنىڭ ۋەزنىنى تېخىمۇ ھېس قىلغىلى بولىدۇ. چاغان ئەسلىدە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەرنى يوقلايدىغان، ساياھەت قىلىدىغان، سەپەرگە چىقىدىغان گۈزەل بايرام ئىدى، چاغاننىڭ مەنىسىنى جۇڭگولۇقلاردىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدىغان كىشىلەر يوق، لېكىن كىشىلەر ماسكا تاقاش تىلغا ئېلىنغاندا ئىككىلەنمەيلا ماسكا تاقىدى، ئۆيدىن چىقماسلىق تىلغا ئېلىنغاندا ئىككىلەنمەيلا ئۆيدە ئولتۇردى. 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە بولغان 76 كېچە - كۈندۈزدە، ۋۇخەن خەلقى تۈرلۈك تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، باتۇر، كەسكىن بولۇپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىگە ئاتلاندى. مۇسكۇل يىگىلەش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا ۋە سەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ تاماملاش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا ۋە سەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىنى پۇختا ئىگىلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قەتئىي قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، پۈتۈن يىللىق ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى تاماملاش ئىشەنچىنى چىڭىتىش كېرەك. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تارقالغاندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭى، خۇبېينى قوغداش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا پائال نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى، دۆلەت تۈزۈمىنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ۋە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئىشەنچ، ئىرادىنى چىڭىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ھەقىقىي تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدە نامايان بولغان روھ ۋە كۈچنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ تاماملاش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇش كېرەك. بىخەتەرلىك ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پىسخىكىسى، بوششىپ كېتىش روھىي ھالىتىنى قەتئىي تۈگىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى چىڭىتىپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى سىجىل چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىدىكى كەمتۈكلۈكنى، ئاجىز تۈرلەرنى تېز تولۇقلاپ، ئاممىنى ئىلمىي مۇداپىئەلىنىش بويىچە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەش كېرەك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە نەق مەيداندا ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى خوتەندە ئېچىلدى

## لىيۇ يۈڭفۇ، شۆھرەت زاكىر قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە نەق مەيداندا ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى خوتەندە ئېچىلدى، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر لىيۇ يۈڭفۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

لىيۇ يۈڭفۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، بۇ يىلدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم سۆز قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئاساسىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تاماملاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنى تۈپ مىزان ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇق - تەلەپلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە يېتەكلىدى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشى، ياردىمىدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلارنى ئازايتىش تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى نەتىجىنى ياراتتى. لىيۇ يۈڭفۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)